

2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

21:10

**ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى چىماشەن تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىيۈەن مەھەللىسى**

خىزمەتچى خادىملار تەۋەلىكتىكى ئاھالە شىنىڭ تىنچلىقىغا كۆكتات يەتكۈزۈپ بەرمەكتە



2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

21:30

**ئۈرۈمچى مالا كۇئچېيەن شىنبى يولى دۇكىنى**

خىزمەتچىلەر يەتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ۋېيمەيلەرنى قاچىلىماقتا



2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

00:20

**ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگۇ رايونى جېنئەن كوچىسى باشقۇرۇش كومىتېتى شەنرۇن مەھەللىسى**

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە مەھەللىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى نىجات نىياز ئۆلتۈراق رايوندا كېچىدە چارلىماقتا

# يۇلتۇزلۇق كېچىدىكى چىڭ تۇرۇش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

تۈن قاراڭغۇسىدا، دوختۇر ـ سېستىرالار تولۇق قوراللىنىپ، قاتمۇقات ساغلاملىق مۇداپىئە سېپى قۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن قوغدىدى. يېرىم كېچىدە، مەھەللە كادىرلىرى يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش دېزىنفېكسىيەسىنى ياخشى قىلىپ، يۇقۇم يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە مۇلازىمەت قىلىپ، تەر تۆكۈپ ۋە ئۆزىنى بېغىشلاپ، بىرىنچى مۇداپىئە سېپىنى ياخشى ساقلىدى. ئاي نۇرى ئاستىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئۇمەنلىگەن ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، پۇقرالارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى نامايان قىلدى. چىراغ نۇرى ئاستىدا، سودىگەرلەر مال چۈشۈرۈپ، مال توشۇپ، كېچىلەپ مال مەنبەسىنى تەشكىللىدى، بۇ، شۇ كۈنى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يېڭى كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن ئىدى…

كېچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت بىلەن يورۇدى، ياز چىڭ تۇرۇش بىلەن گۈزەللەشتى.

ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن بايقالغان يۇقۇمغا قارىتا، ئۇلار ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن تەۋرەنمەي، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشتا مۇجمەل بولماي، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتا بېپەرۋالىق قىلماي، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتەك مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى تولۇق نامايان قىلدى. ئۇلارنىڭ سىماسى كېچىدىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇز، ئۇلارنىڭ چىڭ تۇرۇشى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ مۇستەھكەم سېپىل.

□ بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جوۋ پېڭ، ئۆتكۈر نىجات، شې لۇڭ، ئىختىيارىي مۇخبىر لىڭ جېي تارتقان



2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

01:30

**شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 2 ـ دوختۇرخانا**

دوختۇر لۇ جيەنخۇڭ قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىدە نۆۋەتچىلىك قىلماقتا



2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

02:40

**گەنچۈەنپۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى تەكشۈرۈش پونكىتى**

ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئالاھىدە ساقچى 5 ـ تارماق ئەترىتىدىكى خەلق ساقچىسى ئەزىمەتجان ئەكبەر يۈك توشۇش شوپۇرىغا مۇلازىمەت قىلماقتا



2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

03:05

**شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونى**

خەلققە قولاي ساقچى ئىشلىرى پونكىتىدىكى خەلق ساقچىلىرى چارلاپ تەكشۈرمەكتە



2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

05:15

**شىنجاڭ جيۇدىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش سودا بازىرى**

كۆكتات سودىگىرى يېڭىلا سېتىۋالغان كۆكتاتلارنى قاچىلاپ توشۇماقتا

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)